# خەلقئارا ئىنسان هەقلىرى باياناتنامىسى

1-ماددا: هەر بىر ئادەم ئەركىن ۋە هۆر بولۇپ، شەرەپ ۋە هەق هوقۇقلىرى جەهەتتە باراۋەر. ئىنسانلار ئەقىل ۋە ۋىجدانغا ساهىب بولۇپ بىر

بىرلىرىگە قېرىنداشلارچە دوستانە مۇئامىلىدە بولۇش.

2-ماددا: ھەر بىر ئادەم ئىرقى، رەڭگى، جىنسى، دىنى، تىلى، سىياسىي كۆزقاراش ئوخشىماسلىغى، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، تۇغۇلۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەر قانداق

جەھەتلەردە ئايرىمچىلىققا ئۇچرۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ئىنسانلار بۇ باياناتنامىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بارلىق ھەق ۋە ھوقۇقلارغا ئىگەدۇر. مەيلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بولسۇن ۋە ياكى مۇستەملىكە، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان مىللەت ۋە ھەلقلەر

بولسۇن ۋە ياكى باشقا دەۋلەتلەرنىڭ
هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دەۋلەتلەردە
بولسۇن، ۋە ياكى مەلۇم مىللەت كۆپ
سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دەۋلەتلەردە
بولسۇن سىياسى ۋە هوقۇقى
جەهەتلەردە خەلقارالىق
نىزامنامىلەرگە قەتئىي رىئايە قىلىشى
كېرەك بولۇپ، ئىنسانلارغا قارىتا

ئايرىمچىلىق قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

3-ماددا: ھەركىمنىڭ ياشاش پىكىر قىلىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى قوغداش ھەققى باردۇر.

4-ماددا: ھەرقانداق ئادەمنىڭ قۇل قىلىنىشغا ۋە قۇللۇق ھالىتىدە

تۇتۇپ تۇرۇلۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. قۇلچىلىق ۋە قۇل تىجارىتى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

5-ماددا: ھەرقانداق ئادەمگە قىيىن قىستاق قىلىش زالىملىق قىلىش ۋە ئىنسانىيەتكە خىلاپ سۆز ھەرىكەتلەردە بولۇش باشقىلارنىڭ

غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆز ھەرىكەتلەردە ۋە جازالاردا بولۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

6-ماددا: ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قەيەردە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش ھوقۇقى بار.

7 – ماددا  ھەرقانداق  ئادەم  قانۇن ئالدىدا  باپ – باراۋەردۇر.  ئەگەر ئىنسانلار  ئايرىمچىلىققا  ئۇچۇرغان ئەھۋال  ئاستىدا  قانۇن  تەرىپىدىن قوغدۇنۇشقا  ھەقلىقتۇر.  ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ باياناتنامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان  ماددىلارغا  خىلاپ ئايرىمچىلىق  قىلىش  ۋە

ئايرىمچىلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقاندا باراۋەر قوغدۇنۇشقا ھەقلىقتۇر.

8-ماددا: ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاساسي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەق ھوقۇقلىرى دەخلى تەرۇزغا ئۇچرۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، خەلقارالىق سوت

مەھكىمىلىرىگە ۋە قانۇن ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىش ھوقۇقى بار.

9-ماددا: ھېچقانداق ئادەم قانۇنسىز ھالدا قولغا ئېلىنمايدۇ، تۇرمىگە تاشلانمايدۇ ۋە سۈرگۈن قىلىنمايدۇ.

10 – ماددا: ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرى جەھەتتە مەلۇم جىنايەت ئارتىلغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇستەقىل ۋە باراۋەر تەرەپسىز بىر مەھكىمە تەرىپىدىن قانۇنلۇق ھالدا ئوچۇق ئاشكارا سوتلۇنۇشقا ھوقۇقلۇق.

11-ماددا: ئۆزىگە جىنايەت ئارتىلغان ھەر بىر كىشىنىڭ، ئۆز-ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھەرقانداق پاكىتلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر ئوچۇق سوت يولى بىلەن جىنايەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئاقلىنىش ھوقۇقى بار.

12-ماددا: ھەركىمنىڭ شەخسى تۇرمۇشى، ئائىلىسى، ۋە باشقا ئۇچۇر خەۋەرلىشىش قاتارلىق ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن تاجاۋۇزغا ئۇچۇرمايدۇ. نام شۆھرىتىنىڭ دەخلى تەرۇزغا ئۇچۇرۇشغا يول قويۇلمايدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇنداق

ئەھۋاللارغا قارىتا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ شان شەرىپىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ھوقۇقى بار.

13-ماددا: 1- ھەرقانداق ئادەمنىڭ دەۋلەت تەۋەسى ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى باردۇر. 2-

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ۋە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ھەق ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

14- ماددا: 1-ھەرقانداق ئادەمنىڭ زۇلۇم ئاستىدىكى دىكتاتور دەۋلەتلەردىن ئايرىلىپ باشقا دەۋلەتلەرگە باش ئۇرۇش ۋە ۋە بۇ

جەھەتتىكى مەنپەئەتلەردىن پايدىلىنىش ھەق ھوقۇقى بار. 2- ھەقىقەتەن سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زۇلۇم چەكمىگەن، باشقا سەۋەبلەر ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەقسىدى ۋە نىشانىغا قارشى ھەرىكەتلەردە بولغان كىشىلەر بۇ ھەق ھوقۇقلاردىن پايدىلىنالمايدۇ.

15-ماددا: 1- ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر قەۋمگە تەۋە بولۇش ھوقۇقى بار.
2-ھەرقانداق بىر جەمئىيەت، بىر مىللەت ۋە ياكى بىر قەۋمگە ئېتنىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە يولىنى تۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

16-ماددا: 1-توي قىلىشنى پۈتۈشكەن ئەر ئاياللارنىڭ ئىرق، كېلىپ چىقىشى، ۋە ياكى دىنى جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدا نىكالىنىپ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى بار. نىكالانغاندىن كېيىنمۇ نىكانى بۇزۇش جەھەتتە يەنىلا ئەر ئايال باراۋەردۇر. 2-

نىكالىنىش ئەركىن، ئىككى تەرەپ بىر بىرلىرىنى خالىغان ۋە باراۋەر بولغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. 3- ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسىدۇر شۇڭا ئۇ جەمئىيەت ۋە دەۋلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

17-ماددا: 1- ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋە باشقىلار بىلەن شېرىك ھالدا مۈلك ھوقۇقى بار.
2-ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئۆز بىشىمچىلىق بىلەن باشقىلارنىڭ مال مۈلكىنى دەھلى تەرۇزغا ئۇچۇرتالمايدۇ.

18-ماددا: ھەركىمنىڭ پىكىر
ھوقۇقى، ۋىجدان ھوقۇقى ۋە دىنى
ھوقۇقى بار. بۇ ھوقۇق دىنى ئېتىقادىنى
ئۆزگەرتىش، ئېتىقادىنى ئۆز ئالدىغا
ئېلىپ بېرىش ۋە ياكى كوللېكتىپ
ئېلىپ بېرىش، ئوچۇق ئاشكارا تەشۋىق
قىلىش ۋە ئالاھىدە تەشۋىق قىلىش
شۇنداقلا يىغىلىشلاردا ۋە ئىبادەت

قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

19-ماددا: ھەركىمنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە سۆزلەش ئەركىنلىكى باردۇر. بۇ ھەرقانداق بىر دەۋلەتتە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ھەر خىل پىكىر ۋە

چۈشەنچىلەر ھەققىدە بىلىم ئېلىش، تەكشۈرۈشلەردە بولۇش، ۋە تارقىتىش قاتارلىق ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

20- ماددا: 1- ھەركىم تىنچ شەكىلدىكى يىغىلىش ۋە تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

2-ھېچكىم بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشتا باشقىلار تەرىپىدىن زورلىنىلمايدۇ.

21-ماددا: ھەركىم بىۋاسىتە ۋە ياكى ئەركىن سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان ۋەكىللەرنىڭ ئىشتىراكچىلىقىدا ئۆز دەۋلىتىنىڭ

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. 2-ھەركىمنىڭ ئۆز دەۋلىتىنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرىغا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقى بار. 3-خەلق ئىرادىسى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ جېنىدۇر. خەلقنىڭ بۇ ئىرادىسى، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە باراۋەرچە، يوشۇرۇن ۋە ئەركىن، مۇۋاپىق شەكىلدە

ئېلىپ بېرىلىدىغان قەرەللىك ۋە ھەقىقىي سايلاملاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى كېرەك.

22-ماددا: ھەركىم جەمىيەتتىكى بىر كوللېكتىپنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كوللېكتىپ قوغدىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. خەلقارالىق يوللار ۋە

تىرىشچانلىقلار ۋە خەلقارالىق مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى، ئاممىۋى، ۋە مەدىنى ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

23-ماددا: 1-ھەركىمنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ئەركىن تاللاش، ئادىل ۋە راھەت ھالەتتە ئىشلەش شۇنىڭدەك ئىشسىزلىققا قارىتا قوغدۇنۇش ھوقۇقىغا ئىگە. 2- ھەركىمنىڭ باراۋەر ئىش ئۈچۈن باراۋەر ئىش ھەققى ئېلىش ھوقۇقى بار. 3. ھەركىمنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان

ياشاش شەرتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ۋە مەلۇم جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن تەستىقلانغان بىر ئادىل ياشاش تەمىناتى ئېلىشقا ھوقۇقلۇقتۇر. 4-ھەركىمنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيۇشما قۇرۇش ۋە ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇش ھوقۇقى باردۇر.

24 – ماددا: ھەركىمنىڭ خىزمەت ۋاقىتلىرىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە قىسقارتىش، مائاش تۇختىمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى مەزگىللىك سايايەتكە چىقىش، شۇنداقلا بىر مەزگىل ئارام ئېلىش قاتارلىق بوش ۋاقىتلارغا ئېرىشىش ھەققى باردۇر.

25-ماددا: 1-ھەركىم ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن تاماق يېيىش، كىيىم كىيىش، تۇرار جاي ۋە تېببىي داۋالاشلاردىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ھەركىم ئىشسىزلىق، كېسەللىك، مېيىپلىق، تۇللۇق، قېرىلىق ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل روھى بېسىملار كەلتۈرۈپ

چىقارغان راھەتسىزلىكلەر ئۈچۈن قوغدۇنۇش ھەققى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق.

26-ماددا: 1-ھەركىم تەلىم تەربىيە ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ئوقۇتۇش، يەنى ئەڭ ئاز بولغاندا باشلانغۇچ مائارىپ ۋە ئاساسى مائارىپ ھەقسىزدۇر. باشلانغۇچ مائارىپ

مەجبۇرى بولۇپ تېخنىك ۋە كەسپى مەكتەپلەر ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئوچۇق. ئالىي مەكتەپلەر ھەممە كىشىگە باراۋەردۇر. 2. مائارىپ ئىنسانلارنى تەربىيلەش، ئىنسان ھەقلىرى ئەركىنلىك ۋە دىموكراتىيەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن

دۇنيادىكى ئىنسانلار، ئىرقلار، ۋە دىنى گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، مېھرى مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مائارىپ يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىقنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارىدىغان خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ

مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ. 3. ئاتا - ئانىلار، بالىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ تەربىيىسىنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق.

27 – ماددا: 1. ھەركىم ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت

پائالىيەتلىرىگە ئەركىن ھالدا قاتنىشىش، ئىجاد قىلىش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە پىكىرلىشىش ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە ھەقلىقتۇر 2. ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى، يەنى يېزىقچىلىق، ۋە سەنئەت ئىجادىيىتى

جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ماددىي مەنىۋى مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى قوغداشقا ھوقۇقلۇقتۇر.

28. ماددا: ھەركىم بۇ باياناتنامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەق ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ھوقۇقلۇقتۇر.

29. ماددا: 1. ھەركىمنىڭ، كىشىلىك ھەق ھوقۇقلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئورۇنلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى بار. 2. ھەركىم ئۆز ھەق ھوقۇقلىرىغا ساھىب چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭمۇ ھەق ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى

بىلىشى، ئەركىن بىر كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئومۇمى ئەخلاق ۋە خەلق رايىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى بىلىشى لازىم.

3. بۇ باياناتنامىدا ئىنسانلارغا بېرىلگەن ھەق ۋە ئەركىنلىكلەرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ

نىشان ۋە مەخسەتلىرىگە قارشى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

30 – ماددا: بۇ باياناتنامىنىڭ ھېچقانداق بىر ماددىسى، ھەرقانداق بىر دەۋلەت، گۇرۇپپا ۋە ياكى كىشىگە بېرىلگەن ھەق ھوقۇقلارنى يوق

قىلىش مەقسىدىدە يالغاندىن بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلىنىشقا بولمايدۇ.